# پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەندەك غازىتىدىن قايتىپ، قورال-ياراقلىرىنى قويۇپ، غۇسلى قىلىۋاتقاندا، ئۇنىڭ يېنىغا جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام كېلىپ: «قورالنى قويۇپ بولدۇڭمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز تېخى قورالىمىزنى قويمىدۇق، ئۇلار تەرەپكە ئاتلان» دېدى

ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنهانىڭ مۇنداق دېگەنلىكى رىۋايەت قىلىندى: پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەندەك غازىتىدىن قايتىپ، قورال-ياراقلىرىنى قويۇپ، غۇسلى قىلىۋاتقاندا، جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: قورالنى قويۇپ بولدۇڭمۇ؟ ئاللاھ بىلەن قەسەمكى، بىز تېخى قورالىمىزنى قويمىدۇق، ئۇلارتەرەپكە ئاتلان! دېدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام: «نەگە؟» دەپ سورىغانىدى، جىبرىئىل ئەلەيهىسسالام: ئاۋۇ تەرەپكە دەپ، بەنى قۇرەيزە تەرەپنى ئىشارەت قىلدى، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام دەرهال ئۇلار تەرەپكە ئاتلاندى
[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام خەندەك غازىتىدىن قايتقاندا (ئۇ بولسا ئەھزاب غازىتى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، بۇ غازاتتا ئاللاھ پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالامغا قۇرەيش كاپىرلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ياردەم قىلغانلار ئۈستىدىن ياردەم بەرگەن) ئۆيىگە كىرىپ، قورالنى قويۇپ، جەڭنىڭ چاڭ-توزاڭدىن غۇسلى قىلىۋاتقاندا، جەبرائىل ئەلەيهىسسالام ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ: سەن قورالنى قويۇپ بولدۇڭ، لېكىن پەرىشتىلەر قورالنى ئېسىپ، تېخىچە قويمىدى،-دېدى، ئاندىن بەنى قۇرەيزە بىلەن جەڭ قىلىش ئۈچۈن چىقىشقا بۇيرىدى، ئۇلار مەدىنە ئەتراپىدىكى يەھۇدىلاردىن بىر جامائەت بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام بىلەن تۈزگەن شەرتنامىنى بۇزۇپ، كاپىرلارغا ياردەم بەرگەن ئىدى، شۇڭا پەيغەمبەر ئەلەيهىسسالام ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان ساھابىلەر بىلەن چىقىپ، ئۇلار بىلەن جەڭ قىلدى، ئاللاھ مۇسۇلمانلارغا دۈشمەنلىرى ئۈستىدىن غەلىبە ئاتا قىلدى

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/10556

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee